# گۇناھ –
# ئىنسانلاردىكى
# بىردىنبىر مەسىلە

# گۇناھ ـ ئىنسانلاردىكى بىردىنبىر مەسىلە

ھەممىمىزگە ئايانكى، ھەرقانداق بىر ئادەم كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئېھتىمال بۇ مەسىلىلەرنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ بولۇشى تۈپەيلىدىن، بىزنىڭ ئاشۇ مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندىمىز، ھەتتا بەزىلىرىمىز ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كېتىۋاتقاندىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، خۇدانىڭ ئىنسانغا چۈشۈرگەن «مۇقەددەس كىتاب» (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)دا، بىز ئىنسانلاردا پەيدا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ تېگى-تەكتى پەقەت گۇناھتىندۇر دېيىلگەن.

ئۇيلاپ بېقىڭ، بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئاددىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ سەۋەبىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. پەقەت قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، ئاجرىشىش قاتارلىقلارلا گۇناھ سەۋەبىدىن پەيدا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قورال-ياراق، ئارمىيە، ئۇرۇش،... قانۇن، سوت، ئادۋوكات، ساقچى، تۈرمە شۇنداقلا قىسقىسى، قۇلۇپ

بىلەن ئاچقۇچقا ئوخشاش نورغۇنلىغان ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ گۇناھ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ۋە پەيدا بولماقتا. پەقەت ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت بولغاندىلا، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ كېلىشىمنامىسى ۋە ھۆججەتلىرى، ھەتتا پۇل ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزگە ھېچقانداق كېرىكى بولماس ئىدى. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بىزگە ئېنىق ئېيتىلغانكى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق كېسەللىكلەر، ۋابالار، ئازاب-ئوقۇبەتلەر، بالايىئاپەتلەر، پاجىئەلەر ۋە ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ئەسلى گۇناھ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ھەم داۋاملىق پەيدا بولماقتا.

## «چۈنكى گۇناھنىڭ «ئىش ھەققى» يەنىلا ئۆلۈمدۇر».

*(ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 6-باب، 23-ئايەت)*

ئىنجىلدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ «ئۆلۈم» ئادەم تېنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنىلا كۆرسەتكەن ئەمەس. بىزنىڭ روھىمىز ھازىر گۇناھ سەۋەبىدىن ئۆلۈكتۇر. شۇڭا، ئادەم خۇدانى تونۇمايدۇ. ئەگەر پاجىئەلىك يېرى شۇكى، گۇناھ دېگەن بۇ نەرسە بىزنى سۆيگەن ۋە سۆيۈۋاتقان يارىتقۇچىمىز خۇدادىن ئايرىغۇچىدۇر.

«سىلەرنىڭ قەبىھلىكلىرىڭلار سىلەرنى خۇدايىڭلاردىن يىراقلاشتۇردى، گۇناھىڭلار ئۇنى سىلەردىن قاچۇرۇپ تىلىكىڭلارنى ئاڭلاتقۇزمىدى».

*(تەۋرات، «يەشايا پەيغەمبەر»، 59-باب)*

گۇناھنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يول، پەقەت مۇقەددەس كىتابدىن، يەنى تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللاردىن تېپىلىدۇ. شۇ ھەل قىلىش يولى توغرۇلۇق ھازىر توختىلىمىز.

شۈبھىسىزكى، بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ گۇناھ ۋە ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر خەۋىرى باردۇر. تەۋراتتىكى «يەرمىيا» قىسمىدا دېيىلگەندەك: «قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟». بۇ ئايەتتىن قارىغاندا، گۇناھ دېگەن ئادەمنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان راك كېسىلىگە ئوخشايدۇ.

كېسەل كىشى توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ داۋالىيالايدىغان تېۋىپقا موھتاج. سۇنغان پۇتقا مېخ ئوپېراتسىيىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بارىدىغان تېۋىپ ئېنىقكى، بىر لاياقەتسىز تېۋىپتۇر. ئەگەردە ئۇ ئاددىي زۇكام دورىسىنى راكنى داۋالاشقا بېرىپ بەرسە، ئۇ بەكمۇ ھاماقەتلىك قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ياخشى دوختۇر داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ كېسەلگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ؛ لېكىن بىرىنچى قەدەمدە، ئۇ بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تولۇق سورۇشتۇرىدۇ ۋە ئىنچىكە تەكشۈرىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇۋاتقان گۇناھ مەسىلىسىدىمۇ، گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈچە، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالامەتلىرىنى تونۇپ يەتمىگۈچە ھەم ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگۈچە، ئۇنىڭغا توغرا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ.

## گۇناھ دېگەن زادى نېمە؟

لۇغەتتە گۇناھقا «بىلىپ تۇرۇپ روھىي قانۇن ياكى ئەخلاق پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىش» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىرەيلەن قانداق قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلمىسا، ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ئەھۋالدىمۇ، شۇ ئىشنى خاتا بويىچە قىلسا، بۇ كىشى گۇناھ قىلىۋاتقان بولىدۇ.

## ھەممە ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزەمدۇ؟

بۇ گۇناھكار كىم؟ ئۇ مەلۇم بىر مىللەت، ياكى ئىرققا تەۋەمۇ؟ ئۇنىڭ رەڭگى ۋە ئېتىقادى سىز ۋە مەندىن پەرقلىنىپ تۇرامدۇ؟

تەۋراتتىكى «تارىخ-تەزكىرە (2)» 6-باب، 36-ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ــ

«دۇنيادا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق».

ئىنجىلدىكى «رىملىقلارغا» 3:23دە مۇنداق دېيىلگەن:
- «چۈنكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى».

## گۇناھ نەدىن باشلىنىدۇ؟

گۇناھ ئادەمنىڭ قەلبى ياكى روھى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ توغرىلىق يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئۆتكۈردۇر: -
«قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟» *(تەۋرات، «يەرەمىيا» 17-باب، 9-ئايەت)*

ئىنجىلدىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە، مەسىھ ئەيسانىڭ «قانداق نەرسىلەر ئادەمنى بۇلغايدۇ ياكى ئۇنى ناپاك قىلىدۇ؟» دېگەن مەسىلىسى توغرىلىق تەپسىلىي ھالدا تەھلىل قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن، شۇنداقلا مۇخلىسلىرىنى بۇ ئىشلارنى چۈشەنمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ: -

«سىلەرمۇ تېخىچە چۈشەنمەي يۈرۈۋاتامسىلەر؟! سىرتتىن ئىنساننىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنى ناپاك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەيۋاتامسىلەر؟ سىرتتىن كىرگەن نەرسە ئىنساننىڭ قەلبىگە ئەمەس، ئاشقازىنىغا كىرىدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن تەرەت بولۇپ تاشلىنىدۇ، – دېدى (ئۇ بۇ گەپنى دېيىش بىلەن، ھەممە يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلىۋەتتى).

ئۇ يەنە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

– ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدىغىنىلا، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. چۈنكى شۇلار – يامان نىيەتلەر، زىناخورلۇق، جىنسىي بۇزۇقلۇقلار، قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر، ئالدامچىلىق، شەھۋانىيلىق، ھەسەتخورلۇق، تىل-ئاھانەت، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىدۇ – بۇ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلىدۇ»

*(ئىنجىل، «ماركۇس» 7:18-23).*

بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يورۇتىدىغان بۇ سۆزلەر بىزگە گۇناھنىڭ ھالقىلىق مەسىلىسىنىڭ قەلبىمىزدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەمنىڭ يەيدىغان نەرسىلىرى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى پاكلىقى قىلچە مۇھىم ئەمەس. بىزنىڭ

تۆپكى نىيىتىمىز ۋە ئويلىرىمىز خۇدا ئالدىدا ئاشكارىدۇر. مەيلى سىرتقى كۆرۈنۈشىمىزنىڭ قانچىلىك پاك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلبىمىزدە «يامان غەرەزلەر، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، ھاماقەتلىك»لەر بار بولسىلا، بىز خۇدا ئالدىدا پاك بولالمايمىز. شۇنىڭدەك، جەننەتكە كىرىشكىمۇ سالاھىيىتىمىز ھەرگىز توشمايدۇ. بىز ئاشۇنداق يامان غەرەزلەر بىلەن پاك بىر جەننەتكە كىرسەك، ئۇنى دەرھال بۇلغىۋەتكەن بولىمىز ئەمەسمۇ؟

ئىنجىلدا، خۇدانى نارازى قىلىدىغان بۇزۇق خاھىشلار ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ نىمە ئىكەنلىكى بىر-بىرلەپ ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ؛ «تىموتىيغا (2)»، 3-باب، 2-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: —

**«ئەمما شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئاخىر زامانلاردا ئېغىر كۈنلەر بولىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئىنسانلار ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، پۇلپەرەس، مەنمەنچى، ھاكاۋۇر، كۇپۇرلۇق قىلىدىغان، ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايدىغان، تۇزكور، ئىپلاس، كۆيۈمسىز، كەچۈرۈمسىز، تۆھمەتخور، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ۋەھشىي، خەير-ساخاۋەتلىككە دۈشمەن، ساتقۇن، تەلۋە، شۆھرەتپەرەس، ھۇزۇر-ھالاۋەتنى خۇدادىن ياخشى كۆرىدىغان، سىرتقى قىياپەتتە ئىخلاسمەن**

**بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىخلاسمەنلىكىنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بولىدۇ».**

بۇ گۇناھلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىل تەبىئىتىدىن كېلىدۇ. شەخسىيەتچىل دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: «ئۆز قەدىر-قىممىتىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇش»، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەت-پايدىسىنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت. بىز كېيىنرەك بۇ توغرۇلۇق يەنە تەپسىلىي پاراڭلىشىمىز.

تەۋرات-ئىنجىلدا شەخسىيەتچىل تەبىئەت ۋە رەزىل قىلمىشىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر مىسال بار: — **«چۈنكى سىلەر دەسلەپتىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان خەۋەر مانا دەل شۇكى، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشىمىز كېرەكتۇر. ئۇ ئۇ رەزىلدىن** (يەنى شەيتاندىن) **بولغان، ئىنىسىنى ئۆلتۈرگەن قابىلغا ئوخشاش بولماسلىقىمىز كېرەك؛ ئۇ نېمىشقا ئىنىسىنى قەتل قىلدى؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى رەزىل، ئىنىسىنىڭ قىلغانلىرى ھەققانىي بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان»** *(ئىنجىل «يوھاننا (1)»، 3-بابتىن).*

تەۋراتتا، يەشايا پەيغەمبەر بىزنىڭ «ئۆزۈمنىڭ يولۇمنى ئۆزۈم ماڭىمەن» دېگەن پوزىتسىيىمىزنى تەسۋىرلەيدۇ. «يەشايا»، 53-باب، 6-ئايەت: -
**«ھەممىمىز خۇددى قوي‍لاردەك يولدىن ئېزىپ چىقتۇق؛ ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان يولغا ماڭغاندۇق».**

## گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيمىز؟

تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا بولغان بايانلار بويىچە، مۇسا پەيغەمبىرىمگە چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس قانۇن خۇدانىڭ مۇكەممەل ھەم مەڭگۈلۈك ھەققانىي ماھىيىتىگە ئۇيغۇن تەلەپلىرىنى بىزگە كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بولۇپ، بىزگە ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن تەربىيە.
«زەبۇر» 19-كۈي، 7-ئايەت شۇنداق دەيدۇ: —
**«پەرۋەردىگارنىڭ قانۇنى مۇكەممەلدۇر».**

ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس قانۇن ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ماھىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: —
**«مېنى تەۋرات قانۇنىنى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يازغانلىرىنى بىكار قىلغىلى كەلدى، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن ئۇلارنى بىكار قىلغىلى ئەمەس، بەلكى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى كەلدىم. چۈنكى مەن سىلەرگە شۇنى**

**بەرھەق ئېيتىپ قويايكى، ئاسمان-زېمىن يوقىمىغۇچە، ئۇنىڭدا پۈتۈلگەنلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغۇچە تەۋراتتىكى كىچىككىنە بىر ھەرپ، ھەتتا بىرەر چېكىتمۇ بىكار قىلىنمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن بىرىنى بىكار قىلىپ، ۋە باشقىلارغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتىدىغان ھەركىم ئەرش پادىشاھلىقىدا ئەڭ كىچىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەكسىچە، تەۋرات قانۇنى ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلغانلار ۋە باشقىلارغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكۈچىلەر بولسا ئەرش پادىشاھلىقىدا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ».**

*(ئىنجىل، «ماتتا» 5-باب، 17-19-ئايەتلەر).*

تۆۋەندە تەۋراتتىكى، يەنى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن «مۇقەددەس قانۇن»دىكى «ئون پەرمان»نى نەقىل كەلتۈرىمىز. تەۋراتتىكى بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «مىسىردىن چىقىش»، 20-بابتىن ئېلىنغان، 3-ئايەتتىن باشلاپ: ـ

1. **«سىنىڭ مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھىڭ بولمايدۇ».**
2. **«سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەيلى يۇقىرىدىكى ئاسماندا بولسۇن، مەيلى تۆۋەندىكى زېمىندا بولسۇن، ياكى يەر ئاستىدىكى سۇلاردا بولسۇن، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىدىكى ھېچقانداق**

ئويما شەكىلنى ياسىما» (4-ئايەت).
3. «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنىڭ نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالما؛ چۈنكى كىمدەكىم نامىنى قالايمىقان تىلغا ئالسا، پەرۋەردىگار ئۇنى گۇناھكار ھېسابلىماي قالمايدۇ» (7-ئايەت).
4. «شابات كۈنىنى (شەنبە كۈنىنى) مۇقەددەس دەپ بىلىپ تۇتقىلى يادىڭدا ساقلىغىن» (8-ئايەت)
5. «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەت قىل. شۇنداق قىلساڭ پەرۋەردىگار خۇدايىڭ ساڭا ئاتا قىلماقچى بولغان زېمىندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن» (12-ئايەت)
6. «قاتىللىق قىلما» (13-ئايەت)
7. «زىنا قىلما» (14-ئايەت)
8. «ئوغرىلىق قىلما» (15-ئايەت)
9. «قوشناڭ توغرۇلۇق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە» (16-ئايەت)
10. «سەن قوشناڭنىڭ (يېقىنىڭنىڭ) ئۆي-ئىمارىتىگە كۆز قىرىڭنى سالما، نە قوشناڭنىڭ ئايالى، نە ئۇنىڭ قۇلىغا، نە ئۇنىڭ دېدىكى، نە ئۇنىڭ كالىسى، نە ئۇنىڭ ئېشىكى ياكى قوشناڭنىڭ ھەرقانداق باشقا نەرسىسىگە كۆز قىرىڭنى سالما» (17-ئايەت)

# مۇقەددەس قانۇن (تەۋرات قانۇنى)نىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

مۇقەددەس قانۇن (تەۋرات قانۇنى) بىر پۈتۈندۇر، چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر ۋە پەقەت بىرلا خۇدادىن چۈشۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىنجىلدا دېيىلگەندەك: ــ

**«چۈنكى بىر كىشى پۈتۈن تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلدىم دەپ تۇرۇپ، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىرلا ئەمرگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ پۈتۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى: «زىنا قىلما» دېگۈچى ھەم «قاتىللىق قىلما»مۇ دېگەن. شۇڭا، زىنا قىلمىساڭلارمۇ، لېكىن قاتىللىق قىلغان بولساڭلار، يەنىلا پۈتۈن تەۋرات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بىلەن باراۋەر بولىسىلەر»** *(ئىنجىل، «ياقۇپ» 2-باب، 10-11-ئايەت)*

1. مۇقەددەس قانۇن بىزگە ھەربىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە خۇدا ئالدىدا قىلغان ئىشلىرىمىزدىن ھېساب تاپشۇرىدىغانلىقىمىزنى ئاگاھلاندۇرىدۇ: ــ

ئىنجىل «رىملىقلارغا»دا شۇنداق دەيدۇ: ــ

**«تەۋراتتىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى ئاستىدا ياشايدىغانلارغا (يەھۇدىي خەلقىگە) قارىتا ئېيتىلغانلىقى بىزگە ئايان. بۇلارنىڭ مەقسىتى، ھەر**

**ئىنسانىنىڭ ئاغزى باھانە كۆرسىتەلمەي تۇۋاقلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيادىكىلەر خۇدانىڭ سورىقىدا ئەيىبكار ئىكەن دەپ ئايان قىلىنسۇن، دېگەنلىكتۇر»** *(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، (3-باب، 19-ئايەت)*

2. مۇقەددەس قانۇن بىزگە گۇناھنىڭ خۇدانىڭ نەزىرىدە قانچىلىك يىرگىنچلىك ۋە مەينەت ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىدۇ: —

ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 7-باب، 12-13-ئايەتتە شۇنداق دەيدۇ: —

**«بۇنىڭدىن قارىغاندا قانۇن ھەقىقەتەن پاك-مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭ ئەمرىمۇ مۇقەددەس، توغرا-ئادالەتلىك ۋە ياخشىدۇر. ئۇنداقتا، ياخشى بولغىنى ماڭا ئۆلۈم بولدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بەلكى، گۇناھنىڭ ئەمر ئارقىلىق قەۋەتلا قەبىھ ئىكەنلىكى ئوچۇق ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ياخشى ئەمرنىڭ ۋاستىسى بىلەن گۇناھ مەندە ئۆلۈم پەيدا قىلدى»**.

قولى گال بولغان بىر مالاينى مىسالغا ئالايلى، سافادا ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىنىڭ گاللىقى باشقىلارغا ياكى ئۆزىگىمۇ ھېچ بىلىنمەيدۇ. لېكىن بىرسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلسىلا ئۇنىڭ قولىنىڭ

گاللىقى دەرھال ھەممىگە ئايان بولىدۇ. شۇنىڭدەك «ئەمر» ھەممىنى پاش قىلىپ، تەۋرات قانۇنى گۇناھىمىزنى ئاشكارە قىلىدۇ. خۇدانىڭ ئەمرىگە «ئەمەل قىلاي» دېگەنسېرى، گۇناھ تەبىئىتىمىز بارغانسېرى پاش قىلىنىدۇ.

## گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

1. ئىنسان «رىمونت قىلغىلى بولمايدىغان» دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتتى.

«زەبۇر»، 53-كۈيى، 2-3 ئايەتتە: ــ

«خۇدا ئەرشتە تۇرۇپ، ئىنسان باللىرىنى كۆزەتتى: –

«بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا، ئىنساپنى چۈشىنىدىغان بىرەرسى بارمىدۇ؟

خۇدانى ئىزدەيدىغانلار بارمىدۇ؟

ھەممە ئادەم يولدىن ياندى،

ھەممە ئادەم چىرىكلىشىپ كەتتى،

مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ».

2. گۇناھ ئادەم بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزىدۇ.

ئىنجىلدا، «رىملىقلارغا» 3-باب، 13-18 ئايەت: ــ

«ئىنسانلارنىڭ گېلى ئېچىلغان قەبرىدەك سېسىقتۇر،
تىللىرى كاززاپلىق قىلماقتا؛
كوبرا يىلاننىڭ زەھىرى لەۋلىرى ئاستىدا تۇرىدۇ؛
ئۇلارنىڭ زۇۋانى قارغاش ھەم زەردىگە تولغان.
«پۇتلىرى قان تۆكۈشكە ئالدىرايدۇ؛
بارغانلا يېرىدە ۋەيرانچىلىق ۋە پاجىئەلىك ئىشلار باردۇر.
تىنچلىق-ئاراملىق يولىنى ئۇلار ھېچ تونۇغان ئەمەس.
ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خۇدادىن قورقىدىغان ئىش يوقتۇر».

3. گۇناھكارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئىنجىلدا بىزگە گۇناھنىڭ نەتىجىسى ۋە جازاسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى دەپ بېرىلىدۇ: ــ
«چۈنكى گۇناھنىڭ «ئىش ھەققى» يەنىلا ئۆلۈمدۇر»
*(ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 6-باب، 23-ئايەت)*

## ئىنساننىڭ قانداق تاللاش يولى بار؟

بىر كۈنى، تۇرمۇشى گۇناھ بىلەن بۇلغانغان ۋە شۇ تۇرمۇشىدىن قايغۇغا چۆمگەن، ئۆز قىلمىشلىرىدىن بىزار بولغان بىر كىشى تەقۋادار بىر دوستىدىن نەسىھەت ئېلىش

ئۆچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. دوستىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئۇ دەرھال دوستىغا ئۆزىنى كىچە-كۈندۈز ئازابلاپ كېلىۋاتقان گۇناھلىرىنى، قورقۇنچلىرىنى ۋە بۇ ئىشتىن بېشىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ئاندىن دوستىدىن: ــ قانداق ساۋابلىق ياكى خەيرلىك ئىشلارنى قىلغاندا، ئاندىن بۇ ئازابلىنىشلاردىن خالاس بولۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ئامانلىق تاپالايمەن، سوراپتۇ.

دوستى جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز خىزمەتچىسىگە، ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن بۇ مېھمان ئۈچۈن بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئەپكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىسى دەرھال سۇنى ئېلىپ كەپتۇ، لېكىن ساھىبخانا ئۇنى دوستىغا سۇنۇشتىن ئىلگىرى، سۇغا بىر تامچا سىياھ تېمىتىۋېتىپ سۇنى بۇلغىۋېتىپتۇ.

چارچاپ كەتكەن گۇناھكار كىشى ئۈنىڭدىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز!؟» ــ دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

«سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىۋاتىمەن» ــ دەپتۇ ساھىبخانا. «بۇ ئىستاكاندىكى سۇنى سىزنىڭ ئىچكۈڭىز كەلمەيدۇ، چۈنكى مەن ئۇنى بىرلا تامچا سىياھ بىلەن بۇلغىۋەتتىم. كۆڭلىڭىزدىكى گۇناھلاردىن بۇلغانغان ئاشۇ بىرنەچچە «ساۋابلىق ئىش»لىرىڭىزنى، پاك، مۇقەددەس خۇدانىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئەجەبا ئويلاپ قاپسىز-ھە!».

قەدىرلىك كىتابخان، سىز «مەن گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان» دەپ خۇدانى «يالغانچى» قىلىشقا پېتىنالامسىز؟

كۆڭلىڭىزنى گۇناھنىڭ بۇلغىنىدىن تېنىۋالالامسىز؟ كەلگۈسىدىكى تېگىشلىك جازادىن قېچىپ قۇتۇلالامسىز؟

خۇدانىڭ نەزىرىدە بۇ كىچىك تەمسىلدىكى «ساپ ھەم سۈزۈك سۇ» دېگەن سۆزنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ئىنجىل ئايەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىڭ: —

«ئۇلارغا يېقىن كەلگەن، مۇنازىرىلەشكەنلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئەيسانىڭ ئۇلارغا ياخشى جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرگەن بىر تەۋرات ئۇستازى ئۇنىڭدىن:

— پۈتۈن ئەمرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى قايسى؟ — دەپ سورىدى.

ئەيسا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەڭ مۇھىم ئەمر شۇكى، «ئاڭلىغىن، ئەي ئىسرائىل! پەرۋەردىگار خۇدايىمىز بولغان رەب بىردۇر. پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن». مانا بۇ ئەڭ مۇھىم ئەمر. ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى ئەمر بولسا: — «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي». مانا بۇلاردىن ھېچقانداق ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمر يوق» *(ئىنجىل، «ماركۇس» 12-باب، 28-31 ئايەت)*

دوستۇم، خۇدانىڭ ئىنساندىن تەلەپ قىلىدىغان «ھەققانىيەت»نىڭ ئۆلچىمى دەل يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر. ئاتالمىش ئانچە-مۇنچە «ساۋابلىق ئىشلار» ھەرگىزمۇ بۇ ئۆلچەمگە يېقىن كېلەلمەيدۇ! بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «شەخسىيەتچىل» دېگەن سۆزگە پەقەتلا مەسىھ ئەيسانىڭ ئاشۇ جاۋابىدىن تەبىر ئېلىشىمىز كېرەك. «**ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك قوشناڭنى سۆيگىن!**» دېگەن ئەمر بويىچە ئىش قىلمىغان بولساقلا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز شۈبھىسىزكى خۇدا ئالدىدا «شەخسىيەتچىل» دەپ قارىلىدۇ. «قوشنام دېگەن كىم؟» دەپ سورالغان سوئال ياخشى سورالغان سوئالدۇر. جاۋابىمىز شۇكى: ھەممىگە قادىر خۇدا ھەرقانداق ۋاقىتتا بىزنىڭ يېنىمىزغا ئورۇنلاشتۇرغان ئادەمنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ ئېتىقادلىق بولسۇن، ئېتىقادسىز بولسۇن، مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن — ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە «بىزنىڭ قوشنىمىز» بولغۇسىدۇر. تۆۋەندە مەسىھ ئەيسانىڭ مۇشۇ توغرىسىدا بەرگەن تەلىمىنى كۆرۈپ ئۆتۈڭ: —

«**ۋە مانا، تەۋرات ئۇستازلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەيسانى سىنىماقچى بولۇپ:**

**— ئۇستاز، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋارىس بولماق ئۈچۈن نېمە ئىشنى قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى.**

**ئۇ جاۋابەن: تەۋرات قانۇنىدا نېمە پۈتۈلگەن؟ بۇنىڭغا ئۆزۈڭ قانداق قارايسەن؟ — دېدى.**

ھېلىقى كىشى جاۋابەن:
– «پەرۋەردىگار خۇدايىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن» ؛ ۋە «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» – دېدى.
ئەيسا ئۇنىڭغا: – توغرا جاۋاب بەردىڭ. مانا شۇنداق قىلساڭ ھايات بولىسەن، – دېدى.
لېكىن ئۆزىنى ھەققانىي دەپ ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ئەيسادىن يەنە سوراپ:
– ئەمدى «مېنىڭ قوشنام» كىمدۇر؟ – دېدى.
ئەيسا جاۋابەن مۇنداق دېدى:
– بىر ئادەم يېرۇسالېمدىن يېرىخو شەھىرىگە چۈشۈۋېتىپ، يولدا قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى يارىلاندۇرۇپ، چالا ئۆلۈك ھالدا تاشلاپ كېتىپتۇ. ۋە شۇنداق بولدىكى، مەلۇم بىر كاھىن شۇ يولدىن چۈشۈۋېتىپ، ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدەك بىر لاۋىيلىق روھانىي بۇ يەرگە كەلگەندە، يېنىغا كېلىپ قاراپ قويۇپ، يولنىڭ ئۇ چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن سەپەردە بولغان بىر سامارىيەلىك ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنى كۆرۈپلا ئىچ

**ئاغرىتىپتۇ ۋە ئالدىغا بېرىپ، جاراھەتلىرىگە ماي ۋە شاراب قۇيۇپ، تېڭىپ قويۇپتۇ** (شۇ دەۋردە «سامارىيەلىكلەر يەھۇدىيلار «كاپىرلار» دەپ كەمسىتىلەيتتى). **ئاندىن ئۆزى ئۆز ئۇلىغىقا مىندۈرۈپ، بىر سارايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. ئەتىسى يولغا چىققاندا، ئىككى كۈمۈش دىنارنى ئېلىپ سارايۋەنگە بېرىپ: «ئۇنىڭغا قاراپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن ئارتۇق چىقىم بولسا، قايتىشىمدا سىزگە تۆلەيمەن» دەپتۇ.**

**ئەمدى ئەيسا ھېلىقى ئۇستازدىن:**

**– سىنىڭچە، بۇ ئۈچ ئادەم ئىچىدە قايسىسى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ھېلىقى كىشىگە ھەقىقىي قوشنا بولغان؟ – دەپ سورىدى.**

**– ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن كىشى، – دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.**

**ئەيسا ئۇنىڭغا: – ئۇنداق بولسا، سەن ھەم بېرىپ شۇنىڭغا ئوخشاش قىلغىن، – دېدى»**

*(ئىنجىل، «لۇقا» 10-باب، 25-37-ئايەت).*

خۇدانىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى دەل شۇدۇر.

«««سەۋەب ۋە نەتىجە»دىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال قانۇنىيەتنى كىممۇ ئۆزگەرتەلىسۇن؟ يەقەت بىرلا قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن كىيىن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان «ساۋابلىق

ئىشلار»نى قىلىسىڭىز، بۇ ھەرگىزمۇ قەلبىڭىزدىكى بۇلغىنىشنى يۇيالمايدۇ. قانداقمۇ يۇيالىسۇن؟ مەن بۇگۈن پۈتۈن بىر كۈن، ھەممە ئىشنى ھەققانىيلىق قىلغان بولسام، بۇ پەقەتلا مۇتلەق پاك، مۇقەددەس بىر خۇدانىڭ ئالدىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بۇرچۇم، يەنى يارىتقۇچىم خۇداغا بولغان بۇگۈنكى قەرزىمدۇر، خالاس. مەن يۈز كۈن ئىزچىل ھالدا يەنە ئاشۇنداق ھەققانىيلىق قىلغان بولسام، بۇمۇ مېنىڭ بۇرچۇمدۇر، خالاس. ئون مىڭ كۈن، ھەتتا ھازىردىن باشلاپ ئۆمۈرۋايەت ئاشۇنداق ھەققانىيەت ئىچىدە ياشاش، ھەربىر ئىنساننىڭ تېگىشلىك بۇرچىدۇر، خالاس. لېكىن بۇنداق ياشاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھەرگىز مۇمكىن بولمىغان مۇشۇنداق ياشاش (ناۋادا مۇمكىن بولۇپ قالسا) بىزنىڭ بۇرۇن قىلغان يامانلىقلىرىمىزنى خۇدا ئالدىدا يۇيالامدۇ؟ ــ دېگەن سوئالنى سىزدىن سورايمەن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمتىھان بەرگەندە، 99 توغرا جاۋاب قانداقمۇ بىر خاتا جاۋابنى توغرا قىلالىسۇن؟ خۇدانىڭ ئىمتىھانىدا ئۆتۈش تەلىپى 100 نومۇر بولسا، 99 نومۇر ئالغاننى ئىمتىھامدىن ئۆتكەن ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟ مەيلى 99 نومۇر، 50 نومۇر، 15 نومۇر بولۇپ، «يۈز»لۈك تەلەپكە يېقىن ياكى يىراق بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا تەلەپكە يەتمەيدۇ. گۇناھ دېگەن گۇناھ. گۇناھنىڭ چوڭىمۇ گۇناھ، كىچىكىمۇ گۇناھ.

**«چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى»** *(ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 3-باب 23-ئايەت)*»

ئەستايدىل ئويلىنىپ كۆرسەك، بىز داۋۇت پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاش بىر خۇلاسىگە كېلىمىز: ــ

«دەرۋەقە، مۇقەددەس يازمىلاردا يېزىلغىنىدەك: ــ
«ھەققانىي ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر،
يورۇتۇلغان كىشى يوقتۇر،
خۇدانى ئىزدىگىنىمۇ يوقتۇر.
ھەممە ئادەم يولدىن چەتنىدى،
ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى.
مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر» *(ئىنجىل «رىملىقلارغا، 3-باب، 10-12-ئايەت)* (مۇشۇ يەردە روسۇل پاۋلۇس زەبۇردىكى سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ).

يەشايا پەيغەمبەرنىڭ دېگىنىدەك: ــ

«ئەمدى بىز ناپاك بىر نەرسىگە ئوخشاش بولدۇق،
قىلغان بارلىق «ھەققانىيەتلىرىمىز» بولسا
بىر ئەۋرەت لاتىسىغىلا ئوخشايدۇ، خالاس؛
ھەممىمىز يوپۇرماقتەك خازان بولۇپ كەتتۇق،
قەبىھلىكلىرىمىز شامالدەك بىزنى ئۇچۇرۇپ تاشلىۋەتتى» *(تەۋرات، «يەشايا» 64-باب، 6-ئايەت)*

قانچىلىغان ياشلار، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا ئاجايىب ئۇلۇغۋار غايىلەرگە يەتمەكچى بولىدۇ! بىراق ئۇلار بۇ ئۇلۇغۋار غايىلەرنى يەنە شۇنچە تېز تاشلىۋېتىدۇ! ئۇلار رىيائالىقتا، تۇرمۇشتىكى

ھەقىقىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگىنىدە، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدە شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشىنى يېڭىپ چىققۇدەك كۈچىنىڭ يوقلۇقىنى ھامان ھېس قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلۇغۋار غايىلەرمۇ ئادەمنى قۇتقۇزالمايدۇ!

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن يەرمىيا پەيغەمبەرنىڭ: «**قەلب ھەممىدىن ئالدامچى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. كىممۇ ئۇنى چۈشىنەلىسۇن؟!**» دېگەن ئۆتكۈر سۆزلىرى ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدە تۇرسۇن!

بۇ يەردىكى «قەلب» «يەھۇدىيلارنىڭ قەلبى» ياكى «ئىتىقادچىلارنىڭ قەلبى» ۋە ياكى «كاپىرلارنىڭ قەلبى» ئەمەس، بۇ «قەلب» ــ ھەممىمىزنىڭ، شۇنداقلا سىز ۋە مېنىڭ قەلبىمدۇر. شۇڭا ياشىغانسېرى ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى ئالداشقا بەك ئۇستا بولۇپ كېتىمىز. بەزى ئادەملەر دائىم باشقىلارنى تەنقىد قىلىدۇ: ــ مەسىلەن، «ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تولىمۇ چىرىكلىشىپ كەتتى! ئۇلار پارا ئالىدۇ، ھوقۇقۋازلىق قىلىدۇ!» دەپ قاقشاپ كېتىدۇ. لېكىن سىزدىن شۇنى سوراپ باقماقچىمەن ــ ئەگەر سىز چوڭ بىر ئەمەلدار، ياكى ئەمەلدارنىڭ ئوغلى بولغان بولسىڭىز، ئۇلاردىن باشقىچە قىلغان بولاتتىڭىزمۇ؟ بەزى كىشىلەر ئوغرىلىق قىلىپ باقمىغان ــ لېكىن ئوغرىلىق قىلماسلىقتىكى بىردىنبىر سەۋەب، پەقەت ئوغرىلىق قىلىشقا ئۇبدان بىر پۇرسەتنىڭ بولمىغانلىقى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىن ئىبارەت. يەنە شۇنى سوراپ

باقماقچىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ مۆشۈنداق قۇرۇق ئوي-خىياللاردا بولغانلىقى توغرۇلۇق خۇدا ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاقلىيالامدۇ؟ سىزدە شۇنداق قىلىش خاھىشى بولغان بىلەن پۇرسەت بولمىغاچقا شۇنداق قىلمىدىڭىز، خالاس. كۆڭلىڭىز يەنىلا خۇدانىڭ ئالدىدا ناپاكتۇر.

يەنە بىر ئاددىي مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى؛ بەزى ئادەملەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن «نېمىسلار نېمىشقا يەھۇدىيلارغا نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ئەشەددىي رەھىمسىز زىيانكەشلىك قىلغان؟! مەن ئاشۇ يەردە بولغان بولسام، ئاشۇنداق كەڭ كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىش ئىشلىرىغا چوقۇم قاتناشمىغان بولاتتىم! باشقىلار ئاشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن مەن ھەرگىز ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولاتتىم»، دېيىشىدۇ. سىناقىقا دۇچ كەلمىگەن ئادەم شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، قانچىلىغان كىشىلەر ئۆزلىرى ئەسلىدە قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان، قىسقىسى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئەشەددىي ئىشلارغا قاتنىشىپ قېلىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ؟

مەسىھ ئەيسانىڭ ئون ئىككى ئالاھىدە مۇخلىسىنىڭ ئىچىدە، سىمون پېترۇس ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. پېترۇس ۋە ئۇنىڭ بارلىق باشقا مۇخلىسلىرى سىناقىقا دۇچ كەلگەندە، مەسىھدىن تېنىپ كەتتى. بىز بۇ ئىش توغرۇلۇق

ئويلىنايلى. بىزمۇ سىناقتا دۈچ كەلگەندىلا، پېترۇس ۋە باشقا مۇخلىسلارنىڭ بىلىپ يەتكىنىدەك، قەلبىمىزنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي بىلىپ يېتەلەيمىز. شەيتان بىلەن گۇناھ قەلبىمىزدىن ئازراقلا ئورۇن ئىگىلىۋالسا، بىزنىڭمۇ بىسىم ئاستىدا قىلىدىغان ھەرقانداق يامانلىقلىرىمىز ئۆزىمىز ئويلاپ باقمىغان قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يېتىدۇ. تۆۋەندە ئەيسانىڭ مۇخلىسى بولغان پېترۇسنىڭ كەچۈرمىشىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرۈپ باقايلى: ــ

مەسىھ ئەيسانىڭ ساتقۇنلۇقتا ئۇچرىشى ۋە قۇربان بولۇش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇ ئاشۇ مۇخلىسلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ــ *(ئىنجىل «ماتتا» 26-باب)*

«بۈگۈن كېچە سىلەر ھەممىڭلار مېنىڭ تۈپەيلىمدىن تاندۇرۇلۇپ پۇتلىشىسىلەر، چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا: –

«مەن پادىچىنى ئۇرۇۋېتىمەن، پادىدىكى قويلار پاتىپاراق بولۇپ تارقىتىۋېتىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن. لېكىن مەن تىرىلگەندىن كېيىن گالىلىيەگە سىلەردىن بۇرۇن بارىمەن، – دېدى.

پېترۇس ئۇنىڭغا جاۋابەن:

– ھەممەيلەن سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن تاندۇرۇلۇپ پۇتلاشسىمۇ، مەن ھەرگىز پۇتلاشمايمەن، دېدى.

ئەيسا ئۇنىڭغا: – مەن ساڭا بەرھەق شۇنى

ئېيتىپ قويايكى، بۇگۇن كىچە خوراز چىللاشتىن بۇرۇن، سەن مەندىن ئۈچ قېتىم تانىسەن، – دېدى. پېتروس ئۇنىڭغا:

– سەن بىلەن بىللە ئۆلىدىغان ئىش كېرەك بولسىمۇ، سەندىن ھەرگىز تانمايمەن، – دېدى. قالغان مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداق دېيىشتى».

ھەي، دوستلىرىم! نەتىجە ھەممىمىزگە ئايان، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، مەسىھ ئەيسانىڭ دېگىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستىنساسىز ئۇنىڭدىن تېنىپ، قېچىپ كېتىشتى. ئۇلاردا توغرا ئېتىقاد، ھەقىقىي بىلىم، ھەتتا مەسىھ ئەيسانىڭ ئالىي تەربىيىسى بولغان، لېكىن ئاخىرقى ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەندە، ھەممەيلەن تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ خېلى ئۇلۇغۋار غايىلىرى بولغانىدى؛ لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە بولغان گۇناھنى (گۇناھلىق، شەخسىيەتچىل تەبىئىتىنى) تېخى تونۇپ يەتمىگەن. بىزمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش، خۇداغا، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا قانچىلىغان چىرايلىق سۆز ۋە ۋەدىلەرنى قىلدۇقكىن تاڭ! ياشلىقىمىزدا قانچىلىغان ئۇلۇغۋار غايىلىرىمىز بولغان بولغىيتتى! ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ پۈتۈنلەي «ئەخلاقىي مەغلۇبىيەت» بولدى، قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ يەنىلا شۇ مەغلۇبىيەت، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكتۇر!

**«بىلىپ قويۇڭلاركى، گۇناھ سادىر قىلىدىغان كىشى گۇناھنىڭ قۇلىدۇر»** *(ئىنجىل «يۇھاننا» 8-باب 34-ئايەت)*

**«نېمىدېگەن دەردمەن ئادەممەن-ھە! ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان بۇ تېنىمدىن كىممۇ مېنى قۇتقۇزار؟»** *(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 7-باب، 24-ئايەت)*

ھەقىقىي ئەھۋال شۇنداق دەھشەتلىك بولسا، پۈتۈن كائىنات دۇنياسىدا نەدىنمۇ ئۈمىد تېپىلسۇن؟ يول بارمۇ؟ گۇناھنىڭ دەھشەتلىك كونترولى ۋە چاڭگىلىدىن خالاس بولغىلى بولىدىغان ئىش بارمۇ؟ بىزنى شۇ گۇناھنىڭ بۇلغىشىدىن قۇتقۇزالايدىغان بىرەر زات بارمىدۇ؟

مەن سىزگە پۈتۈن قەلبىم، پۈتۈن كۈچۈم ھەم شۇ قەدەر خوشاللىق بىلەن جاكارلاشنى خالايمەنكى، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان بىردىنبىر جاۋاب: —

## خۇدا ئۆزى ئادەم قۇتقۇزالايدۇ ھەم قۇتقۇزۇشنى خالايدۇ!

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسا ئارقىلىق كەلگەن مۇقەددەس قانۇن ۋە كۆڭلىمىزدە خۇدانىڭ ئاۋازى بولغان

ۋىجدانىمىزنىڭ يول كۆرسىتىشى، ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىمىزنى ئۆزىمىزگە ھامان ئۇبدان تونۇتۇپ بېرىدۇ. خۇدانىڭ ئىنسانغا مۇقەددەس قانۇنى چۈشۈرۈشىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى دەل شۇدۇر. بىراق ئۇلار ئادەمنى قۇتقۇزالمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تىرىشىشى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر، يەنى ئىسلام دىنىدىكى، خرىستىئان دىنىدىكى ياكى باشقا ھەرقانداق دىندىكى پائالىيەتلەر بولسۇن، ھەممىسى ئادەمنى قۇتقۇزالمايدۇ، ۋە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. دىن ئادەمنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئادەم ھەقىقىي تىرىشقاندا، شۇنداقلا سەمىمىي بولغاندا، ئۆزىنىڭ بىر گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ھامان ئۇبدان تونۇپ يېتىدۇ. روسۇل پاۋلۇسنىڭ دېگىنىدەك: «**تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئىنسان ئۆز گۇناھىنى تونۇپ يېتىدۇ**» (ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 3-باب، 20-ئايەت).

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز ئۆزىمىزدە ئەنە شۇنداق ئېغىر كېسەلنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكىنىمىزدە، تېۋىپقا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. ئىنجىلنىڭ مەنىسى «خۇش خەۋەر»دۇر؛ خۇداغا ھەمدۇسانا بولسۇن، بۇ ھەرگىز قۇرۇق گەپ ئەمەس! خۇشخەۋەر دەل شۇكى: — بىر دانا دوختۇر بار! — پەقەت بىرلا. ئۇ بۇ دۇنياغا كەلدى. ئۇ خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «مەسىھ» (قۇتقۇزغۇچى، پەيغەمبەر، كاھىن ۋە ئالەمنىڭ كەلگۈسى پادىشاھى) دېگەن ئۇنۋان ۋە شۇنداقلا «ئەيسا» (ياھۋەنىڭ،

يەنى پەرۋەردىگارنىڭ قۇتقۇزىشى) دېگەن نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ قۇتقۇزغۇچى بولغانلىقى، «ياخشى تېۋىپ» سالاھىيىتىنى ئايان قىلغان تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەردە كۆرۈلىدۇ (لاۋىي دېگەن گۇناھكار ئادەم مەسىھ ئارقىلىق نىجاتنى تاپىدۇ): —

«لاۋىي ئۆيىدە ئۇنىڭغا كاتتا بىر زىياپەت بەردى. ئۇلار بىلەن زور بىر توپ باجگىرلار ۋە باشقىلارمۇ شۇ يەردە ھەمداستىخان بولغانىدى. بىراق پەرىسىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋرات ئۇستازلىرى غۇدۇڭشۇپ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا:

— سىلەر نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرىسىلەر؟! — دەپ ئاغرىنىشتى.

ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:

— ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەر تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى تووۋىغا چاقىرغىلى كەلدىم، — دېدى» *(ئىنجىل، «لۇقا»، 5-باب، 29-32-ئايەت)*.

مەيلى ئىشىنىڭ مەيلى ئىشەنمەڭ، خۇدا سىزنى ئەزەلدىن سۆيۈپ كەلگەن، ھازىرمۇ كۈچلۈك ھەم چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن سۆيىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىكى بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئايرىۋېتىلىشىنى دوزاختا چۈشۈشىنى خالىمايدۇ. ئادەم ئۆزىنى داۋالىيالمايدۇ، قۇتقۇزالمايدۇ، ئەمما ئادەم قىلالمايدىغان ئىشلارنى خۇدانىڭ ئۆزى قىلالايدۇ ھەم شۇنداق

قىلىشنى خالايدۇ. ئۇ سىزنى قۇتقۇزالايدۇ. تۆۋەندە تەۋراتتىكى «يەرەمىيا» ۋە «ئەزاكىيال» دېگەن ئىككى پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ: ــ

تەۋرات، «يەرەمىيا پەيغەمبەر» 31-باب، 31-34-ئايەت: ــ

«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، – دەيدۇ پەرۋەردىگار، – مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ يولدىشى بولغان بولساممۇ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمنى بۇزغان، – دەيدۇ پەرۋەردىگار. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:

– مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،

ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.

مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،

ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.

شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: – «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگەتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ

**كىچىكىدىن چوڭغىچە ھەممىسى مىنى تونۇپ بولغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەممە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىگە كەلتۈرمەيمەن، – دەيدۇ پەرۋەردىگار»**

بۇ ئەھدىنى دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، پەرۋەردىگار نۇرغۇن قېتىم: «مەن...، مەن...، مەن... قىلىمەن» دېگەن. بۇنىڭدا قىلچىلىك شەرتلەر مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن «يېڭى ئەھدە» خۇدانىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ئىشىدۇر، ۋە شۇنداقلا ھەربىر قوبۇل قىلغۇچىغا نىسبەتەن بىر مۆجىزىدۇر. خۇدا ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئارقىلىق شۇ ئوخشاش ئەھدىنى يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى: –

تەۋرات، «ئەزاكىيال پەيغەمبەر» 36:25-27-ئايەت: –

**«مەن (پەرۋەردىگار) سۈپسۈزۈك سۇنى ئۈستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقىڭلاردىن ۋە بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن. مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن. مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر».**

يەنە دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، بۇ يەرلەردىمۇ قىلچىلىك شەرتلەر مەۋجۇت بولغان ئەمەس. خۇدا قايتا-قايتا «**مەن...، مەن...، مەن... قىلىمەن**» دېگەن. ئەستايىدىل بىر ئوقۇغۇچى بولغان سىز بەلكىم: «دەرۋەقە بۇ ئەھدە ئاجايىپ ئاڭلىنىدىكەن، ماڭا تولىمۇ ياقتى، لېكىن «ئىسرائىل ۋە يەھۇدا قوۋملىرىدىن بولمىسامچۇ؟ مەن قانداق قىلىپ بۇ ئەھدىدىكى ئورتاقچىلىققا ئىگە بولالايمەن؟»، «بۇ ئەھدىنىڭ ۋاقتى كەلدىمۇ-يوق؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭ بۇ سوئاللىرىڭىز ياخشى ھەم ئورۇنلۇق. ئاۋۋال ئىككىنچى سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي ــ بۇ ئەھدىنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلدى! (ئىنجىلدىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى كۆرۈڭ). بىرىنچى سوئالىڭىزغا كەلسەك، ئىنجىلدا بۇ ئەھدىنىڭ دائىرىسى دۇنيادىكى ھەربىر ئادەم ئۈچۈن كېڭەيتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھدە بارلىق ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەتەن «ئىنجىل» («خۇش خەۋەر») بولدى (شۇڭا بەزىدە ئىنجىل «يېڭى ئەھدە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇلارنى ئىسپاتلاپ، روسۇل پېترۇس يەھۇدىي خەلقىگە مەسىھنىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلىغاندا مۇنداق دېگەن (*«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 2:38-39*): ــ

«**توۋا قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا گۇناھلىرىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە**

**سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ».**

يەنە دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، بۇ سۆزلەرنى قىلغۇچى ئادەم دەل ئۆز ۋاقتىدا ئىگىسى مەسىھ ئەيسادىن تانغان، يەنى قورقۇپ، ئەيسانىڭ يېنىدىن قېچىپ ئۇنىڭدىن تېنىپ كەتكەن پېترۇسنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى، شۇنداقلا ئەيسانىڭ ئۆلۈمى، تىرىلىشى ۋە ئادەم قۇتقۇزۇلايدىغانلىقىنى جۈرئەتلىك بىلەن بىرنەچچە مىڭ ئادەم ئالدىدا ئوچۇقتىن ئوچۇق جاكارلىيالىغان! ئەسلىدە قورقۇنچاق بۇ ئادەم قانداقلارچە ئۆزگىرىپ كەتكەن؟ پېترۇس دەل ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ئارقىلىق بىزگە ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۆزگىرىشنىڭ بىردىنبىر چۈشەندۈرلۈشى بولسا «مۇقەددەس روھ ــ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەندۇر»! شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەقىقەتەن «روسۇل پېترۇس» دېگەن ئىسىمغا لايىق بولغان.

قەدىرلىك كىتابخان، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ؟ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ئەھدە، مۇكەممەل بولسىمۇ، ئادەمنى قۇتقۇزالمايتتى. خۇدانىڭ ئۇلۇغ پىلانى بويىچە، مۇقەددەس قانۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەل بىزگە ئۆزىمىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، گۇناھىمىزنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئاشكارا تونۇتۇشتىن ئىبارەت. ئۇ

ئارقىلىق بىزنىڭ راست ئېغىر گۇناھلىق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمىزنى بىلىۋالالايمىز. خۇداغا مىڭ تەشەككۈر، ئۇ ھەرگىز بىزگە «كېسىلىڭ بەك ئېغىر ئىكەن» دەپ، قۇتقۇزۇلۇش يولىنى كۆرسەتمەي قالمىغان ئەمەس. ئۇ، كۆڭلى قارا، دائىم باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ۋە قۇسۇرلىرىنى تېپىش بىلەن ھوزۇرلىنىپ يۈرىدىغان ئادەملەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ! قىسقىسى، ئۇنىڭ بىزنى ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بىزگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ۋە بىزنى قۇتقۇزۇش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ تېۋىپلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل تېۋىپنى، كېسەللىرىمىزنى داۋالايدىغان بىردىنبىر تېۋىپنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى.

بىر ئېغىر بىمار دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن: «كېسىلىڭىز بەك ئېغىر، سىزگە دەرھال «يۈرەك ئالماشتۇرۇش» ئوپېراتسىيىسى قىلمىسام بولمايدۇ، بولمىسا كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىز ئاز قالدى» ــ دەپتۇ. بىمار جاۋابەن: «دېگىنىڭىز بەلكىم توغرىدۇر. لېكىن ئەمەلىيەتتە مەن ئانچە بىئاراملىق ھېس قىلمايمەن. مەن كېسىلىمگە چىداپ، كۈنلىرىمنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزەلەيمەن. سىزنىڭ بەك ياخشى بىر دوختۇر ئىكەنلىكىڭىزگە قەتئىي ئىشىنىمەن، بىراق راستىنى ئېيتسام، كېسىلىمنى «ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇدەك دەرىجىدە» ئېغىر ئەمەس دەپ قارايمەن. «ئوپېراتسىيە قىلىش» ھاجەتسىز. مەن دورىگەرلەردىن دورا ئېلىپ ئىچسەملا، ياخشىلىنىپ قالارمەن؟» ــ دەپتۇ.

قەدىرلىك كىتابخان، مۇشۇنداق ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ سىز بەلكىم ئۇنى بەك ئەخمەق دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن مۇقەددەس قانۇن ۋە ياكى ۋىجدانىمىز ئۆزىمىزنى قىيناپ، بىزگە ئېغىر گۇناھلىق كىشەللىرىمىز بارلىقىنى ئەسكەرتكەندىن كېيىن، بىز قانداق قىلىمىز؟ كىشىلىمىزگە قويۇلغان ئېنىق توغرا دىئاگنوز، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئېنىق دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ —

**«ھەققانىي ئادەم يوقتۇر، ھەتتا بىرىمۇ، ھەم يوقتۇر ئاقىلانە ئادەم».**

نۇرغۇن ئادەم: «‹خرىستىئان دىنى›نى ئېتىراپ قىلىمەن» دېگىنى بىلەن پەقەتلا قۇتقۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى دىن ئادەمنى ساقايتالمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى كىسەل كىشىدەك، ئۇلارمۇ «ئەيسا مەسىھنىڭ ھەققەتەن ياخشى دوختۇر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن» دېيىشىدۇ، لېكىن ئۇلار دوختۇرغا بويسۇنمايدۇ، ئۆزىنى دوختۇرغا تاپشۇرمايدۇ، ئەكسىچە «ئەھۋالىم ئۇنچە ئېغىر ئەمەس» دېيىشىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە ۋە قىلمىش پەقەت ئۆزىنى دىنغا باغلىغانلىق، خالاس. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى گېپىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكى دۇنياغا ئاياندۇر. «ئىشىنىش گەپتە ئىپادىلەنمەس، بەلكى ھەرىكەتتە ئىپادىلىنەر» دېگەن سۆز بار. ھەربىر ئادەم ئۆز كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ، پۈتۈن ئىشەنچىسى بىلەن ئۆزىنى

خۇدا ئەۋەتكەن دوختۇرغا تاپشۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ھەر بىرىمىز «ئوپېراتسىيە»، يەنى «يۈرەك-قەلب ئالماشتۇرۇش» ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. پەقەت خۇدا ئەۋەتكەن دوختۇرلا، شۇنداق ئىنچىكە ۋە نازۇك ئوپېراتسىيىنى قىلالايدۇ. ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئەھدىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ ئۆتەيلى: —

— «**مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن. مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر**» — بۇ، ھەقىقىي «يۈرەك ئالماشتۇرۇش» ئوپېراتسىيىسى بولماي نېمە؟

بۇ بىر مۆجىزە. ئىنجىلدا بۇ يەنە «يېڭى تۇغۇلۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىز دەرھال توۋا قىلىپ، ھەرخىل يامانلىق، ناپاكلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە رەزىللىكنى تاشلىۋېتىپ، ئۇلاردىن يىراقلىشىپ: «رەب ئەيسا ماڭىمۇ ئەنە شۇ يۈرەك ئوپېراتسىيەسىنى قىلسۇن» دەپ، ئۆزىڭىزنى خۇداغا تاپشۇرۇڭ. سىزگە گۇناھ قىلغانلارنى، ئۇۋال قىلغانلارنى كەچۈرۈم قىلىڭ. چۈنكى مەسىھ ئەيسا مۇنداق تەلىم بېرەتتى: «**باشقىلارنى كەچۈرمىسەڭلار،**

**ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ»**.
باشقىلاردىن ئوغرىلاپ ياكى ئالداپ ئالغان ھەرقانداق پۇل ياكى مال-مۈلۈكنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قايتۇرۇپ بېرىڭ. ئىلگىرى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن بولسىڭىز، ئۇلاردىن ئەپۇ سوراڭ. **«سەن قۇربانگاھ ئالدىغا كېلىپ خۇداغا ھەدىيە ئاتىماقچى بولغىنىڭدا، قېرىندىشىڭنىڭ سېنىڭدىن ئاغرىنغان يېرى بارلىقى يادىڭغا كەلسە، ھەدىيەڭنى قۇربانگاھ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال قېرىندىشىڭ بىلەن يارىشىۋال، ئاندىن كېلىپ ھەدىيەڭنى ئاتا»** *(ئىنجىل «ماتتا»، 5-باب)*.
ئەرلەر، ئاياللىرىڭلارنى ئۇرۇشتىن قول ئۈزۈڭلار! بۇنداق ئىشنى «ئۆرپ-ئادەت» ياكى «ئەنەنىۋي ھوقۇق» دېگەنلەر، خۇدانىڭ ئالدىدا شەيتاننىڭ سۆزلىرىدەك يىرگىنچلىكتۇر. ئاياللىرىڭىز سىز سۆيۈشىڭىز كېرەك بولغان «قوشنىڭىز»مۇ ھېسابلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟!
تووۋا قىلىشتا بولسا، ئاۋۋال ئۆز كۈچ-ئىرادىڭىز بىلەن بىرىنچى باسقۇچنى بېسىشىڭىز كېرەك؛ بۇ ئېتىقادنىڭ باشلىنىشىدۇر، مۇقەددەس روھ سىزنى يېتەكلەپ تووۋا قىلىش يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يەتكۈزىدىغان كۈچ-يەتكۈچىدۇر. ئۆزىڭىزنى خۇداغا تاپشۇرغىنىڭىزدا، ئۆز تىلىڭىز ۋە سۆزلىرىڭىز بىلەن خۇداغا يۈرەك-باغرىڭىزنى تۆكۈپ دۇئا قىلىڭ. بۇ سىز بىلەن ئىگىڭىز بولغان خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئىشتۇر. شۇڭا باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ،

قىسقىسى، باشقا تىلنى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بەزىلەر، خۇدا پەقەت مەلۇم بىر تىل ئارقىلىقلا ئادەمنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلالايدىكەن ۋە چۈشىنەلەيدىكەن، دەپ ئويلايدۇ، بۇ نەدىن چىققان پەتىۋا؟ دۇئا چىن كۆڭۈل سۆزلىرى بولمىسا دۇئا ھېسابلانمايدۇ. ئۆزىڭىزنى، تېنىڭىزنى، جېنىڭىزنى، روھىڭىزنى خۇداغا شەرتسىز تاپشۇرۇڭ، نەتىجىسى يۇقىرىقى ئايەتلەردە دېيىلگەندەك بولىدۇ. يەرىمىيا ۋە ئەزىكىيال پەيغەمبەرلەر بىزگە يەتكۈزگەن ئاشۇ ئايەتلەرنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلەپ كۆرۈڭ، خۇدانىڭ قىممەتلىك ۋەدىلىرى بويىچە، تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنىڭ راست بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ: —

(1) گۇناھلىرىڭىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى؛
(2) خۇدانىڭ سىزدىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشى؛
(3) سىزگە يېڭى قەلب بېرىشى (تاش يۈرەك ئەمەس، مېھىر-مۇھەببەتلىك قەلب، قوشنىڭىزنى سۆيىدىغان قەلب)؛
(4) خۇدا ئۆز مۇقەددەس روھىنى قەلبىڭىزگە مەڭگۈلۈك ماكانلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشى؛
(5) مۇقەددەس روھنىڭ سىزگە مۇقەددەس كىتابلارنىڭ مەنىلىرىنى ئېچىپ، ئۆز كۈچ-قۇدرىتى بىلەن، ۋىجدان ۋە قەلبىڭىزدە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى، ئەمر-پەرمانلىرىنى سىزگە ئۆگىتىپ چۈشەندۈرۈشى؛
(6) سىزنىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسى، ئەمر-پەرمانلىرى بويىچە

ئىش كۆرۈشىڭىز ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا خۇداغا مۇھەببىتىڭىز بار بولۇشى؛

(7) ياراتقۇچىڭىز خۇدانى، يەنى سىزنى سۆيىدىغان خۇدانى شەخسەن تونۇشىڭىز؛

(8) خۇدا مەڭگۈ خۇدايىڭىز بولىدۇ، سىز مەڭگۈ ئۇنىڭكى بولىسىز؛

(9) مەسىھ ئەيسا دېگەندەك: «**بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ سۆز-كالامىمنى تۇتىدىغان كىشى ئەبەدىلئەبەد ئۆلۈم كۆرمەيدۇ**» — مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۆلۈم ھاياتنىڭ يەنە بىر قەدىمى» بولىدۇ، خالاس؛ ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ روھى ئۆلۈمدىن كېيىن مەسىھ بىلەن بىللە بولىدۇ، ئاندىن تىرىلىش كۈنىدە دوزاخقا چۈشمەي، ئەبەدىلئەبەد خۇدا بىلەن بىللە ياشاپ، خۇدا ئۆزگە بېكىتكەن «يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن»دىن نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

— «يېڭى ئەھدە»، يەنى ئىنجىل ئاشۇ توققۇز نەتىجىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى توققۇز نەتىجىدىن باشقا، يەنە ئېرىشىدىغان نۇرغۇن نەتىجىلەرمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. سىز ئىنجىل كىتابىدىن بىرنى تېپىپ ئوقۇسىڭىز، بۇلار خۇددى گۈزەل مەنزىرىدەك بولۇپ، كۆز ئالدىڭىزدا ئاستا-ئاستا نامايان بولۇشقا باشلايدۇ.

بەزىلەرنىڭ بۇ نىجاتلىق ئىشلارنى ئاڭلاپ، بۇ «يېڭى تۇغۇلۇش»نىڭ شۇنچىلىك ئاسانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. «ئاشۇنداق ئاجايىپ ئىشلار، قانداقلارچە شۇنچە ئاسان بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. توغرا، ئاسان بولغان ئەمەس. بۇ نىجات ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيدىغان، دۇنيانىڭ بارلىق بايلىقلىرىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئېغىر بەدەل بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. خۇدا ئۆزىنىڭ بىزگە بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئۆزى شۇ بەدەلنى تۆلىگەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن، ھەربىر گۇناھنى جازالىشى كېرەك. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى قۇربانگاھقا قويغىنىدەك، خۇدا بىزنى ئۆز كەچۈرۈمى ھەم نىجاتىغا ئېرىشسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈكى بولغان مەسىھ ئەيسانى، رەزىل ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن كرېستكە مىخلىنىشقا قويغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلىرىمىزدىكى گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى مۇتلەق قۇسۇرسىز، ئەيىبسىز، گۇناھسىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن. رەب ھەزرىتى ئىسھاقنىڭ ئىبراھىم ئاتىسىغا بويسۇنۇپ قۇربانلىق بولۇشقا رازىلىق بىلەن ئۆزىنى تاپشۇرغىنىدەك، ئەيسا مەسىھ بۇ ئىشتا ئۆزىنى ئەرشتىكى ئاتىسىغا بويسۇنۇپ تاپشۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بىزگە باغلىغان مۇھەببىتى ئۈچۈنمۇ، ئۆز رازىلىقى بىلەن گۇناھلىرىمىزنى ئۈستىگە ئېلىپ قۇربانلىق بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدانىڭ مۇتلەق پاك-مۇقەددەسلىكى، مۇتلەق ئادىللىقى تولۇق قانائەتلەندۈرۈلگەن، مۇكەممەل

ئادىللىقى بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە (بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن ئېيتقاندا) ھەقسىز كەچۈرۈم ۋە يېڭى ھاياتنى ئاتا قىلالايدۇ؛ ئۇ نىجات يولى ھەربىر ئىنسان بالىسىغا ئوچۇق تۇرماقتا. مانا بۇ مۆھەببەتتۇر!

يەھۇدىيلارنىڭ «چوڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى»دا، خۇدانىڭ ھۇزۇرى بىۋاستە تۇرغان «ئەڭ مۇقەددەس جاي» بار ئىدى. ھېچقانداق ئادەم شۇ پەردە كىرىشكە بولمايتتى؛ بىر يىلدا پەقەت بىر قېتىملا «باش كاھىن» قۇربانلىق قېنىنى خۇدانىڭ ئالدىدا سېپىشكە، خۇدانىڭ خەلقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا كىرەلەيتتى. مۇشۇ «ئەڭ مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدا چوڭ ۋە قېلىن پەردە تۇراتتى. مەسىھ ئەيسانىڭ خۇداغا ئۆز روھىنى تاپشۇرۇپ ئۆلۈشى بىلەن شۇ پەردە دەل ئوتتۇرىدىن، ئۈستىدىن ئاستىغىچە يىرتىلىپ كەتكەن (ئىنجىل، «ماتتا» 27-باب). بۇ پەردىنىڭ يىرتىلىشىدىكى ئەھمىيەت شۇكى، خۇدا: «مېنىڭ يېنىمغا بارىدىغان يول ئېچىلدى!» دېگەننى، پۈتۈن ئىنسانغا جاكارلىغان.

**«بىراق خۇدا، مول رەھىم-شەپقەتنى كۆرسەتكۈچى بولۇپ، بىزنى سۆيگەندە بىزگە كۆرسەتكەن ئالەمبەخش مېھىر-مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن، — ھەتتا ئىتائەتسىزلىكلەردە ئۆلگەن ۋاقتىمىزدىمۇ، بىزگە مەسىھ بىلەن بىللە جان كىرگۈزۈپ (مېھىر-**

شەپقەت بىلەن قۇتقۇزۇلدۇڭلار!)، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىلدۈرۈپ، ئەرشلەردە مەسىھ ئەيسا بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزغان؛ مەقسىتى كەلگۈسى زامانلاردا ئۇنىڭ مەسىھ ئەيسادا بىزگە قارىتىلغان مېھرىبانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن شاپائىتىنىڭ شۇنچە غايەت زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر؛ چۈنكى سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ ئىش ئۆزۈڭلاردىن كەلگەن ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپات – ئۇ زادىلا ئادەملەرنىڭ ئەمەل-ئەجرىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ھەم ھېچكىمنىڭ ماختانماسلىقى ئۈچۈندۇر»

*(ئىنجىل، «ئەفەسوسلۇقلارغا»، 2-باب، 3-، 8-ئايەت).*

مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ پۈتۈنلەي راست ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. چۈنكى ئۆزۈم شۇ ئىشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنىدىم. شۇڭا شۇلارنى سىز بىلەن بەك ئورتاقلاشقۇم بار. ئىزدىنىڭ، ئويلىنىڭ، دۇئا قىلىڭ، تاپالايسىز! تاپقاندىن كېيىن، شۇ خەزىنىنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئۈلەشتۈرۈڭ! خۇدا سىز بىلەن بىللە بولغاي. مېنىڭ سىزنى جەننەتتە كۆرگۈم بار! خۇدايىمغا ئامانەت!

هۆرمەت بىلەن،
دوستىڭىز،
خېلىل ئەيسا
1996

«ئىنتېرنېت»تىن پايدىلىنىدىغان بولسىڭىز،
«www.mukaddeskalam.com»دىن
مۇقەددەس كىتابتىكى بارلىق قىسىملارنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

«ئى سۆيۈملۈكلىرىم، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەيلى؛ چۈنكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزى خۇدادىندۇر ۋە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەربىرى خۇدادىن تۇغۇلغان بولىدۇ ۋە خۇدانى تونۇيدۇ. مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمىگۈچى كىشى خۇدانى تونۇمىغان بولىدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر. خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە شۇنىڭ بىلەن ئاشكارا بولدىكى، خۇدا بىزنى ئۇنىڭ ئارقىلىق ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى دۇنياغا ئەۋەتتى. مېھىر-مۇھەببەت دەل شۇنىڭدىن ئايانكى، يەنى بىزلەرنىڭ خۇدانى سۆيگىنىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى بىزنى سۆيۈپ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كافارەت بولۇشقا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتكىنى بىلەن ئاياندۇر.

ئى سۆيۈملۈكلىرىم، خۇدا بىزگە شۇ قەدەر مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكەن يەردە، بىزمۇ بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشكە قەرزداردۇرمىز. ھېچكىم ھېچقاچان خۇدانى كۆرگەن ئەمەس؛ لېكىن بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەك، خۇدا بىزدە ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. بىز بىزنىڭ ئۇنىڭدا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىزدە ياشاۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئۇ ئۆز روھىنى بىزگە ئاتا قىلغان. بىز شۇنى كۆرگەن ۋە

شۇنداقلا شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ئاتا ئوغۇلنى دۇنياغا قۇتقۇزغۇچى بولۇشقا ئەۋەتتى

ئەگەر كىمدەكىم ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىراپ قىلسا، خۇدا ئۇنىڭدا، ئۇمۇ خۇدادا ياشايدۇ. بىز بولساق خۇدانىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى تونۇپ يەتتۇق، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىشەندۇق. خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر ۋە مېھىر-مۇھەببەتتە ياشىغۇچى كىشى خۇدادا ياشايدۇ، خۇدامۇ ئۇنىڭدا ياشايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، مېھىر-مۇھەببەت بىزدە مۇكەممەللىشىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىز سوراق كۈنىدە خاتىرجەم-قورقماس بولالايمىز. چۈنكى ئەيسا قانداق بولۇۋاتقان بولسا بىزمۇ ھازىر بۇ دۇنيادا شۇنداق بولۇۋاتىمىز. مېھىر-مۇھەببەتتە قورقۇنچ يوقتۇر؛ كامىل مېھىر-مۇھەببەت قورقۇنچنى ھەيدەپ يوققا چىقىرىدۇ. چۈنكى قورقۇنچ خۇدانىڭ جازاسى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر؛ قورقۇنچى بار كىشى مېھىر-مۇھەببەتتە كامالەتكە يەتكۈزۈلگەن ئەمەستۇر.

بىز مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىمىز، چۈنكى خۇدا ئالدى بىلەن بىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتتى.

*(ىنجىل، «يۇھاننا» 1-مەكتۇپ، 4-بابتىن)*